مۇھىت ئاسرىغۇچى مۇھاپىزەتچىلەر

# ياش تۆكمە، ئورمانلىق!

مۇھىت ئاسراش — تەبىئەت ئانىغا كۆيۈنۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

مۇھت ئاسرىغۇچى مۇھاپىزەتچىلەر

# ياش تۆكمە، ئورمانلىق!

مۇھىت ئاسراش — تەبىئەت ئانىغا كۆيۈنۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى


ئاپتورى: خېرسېپ پالاۋ [ئىسپانىيە]
رەسىمنى سىزغۇچى: روزا كۇرتو [ئىسپانىيە]
تەرجىمە قىلغۇچى: مەريەمخان نايىپ




شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىر تال، ئىككى تال، ئۈچ تال، تۆت تال... مەن دەرەختىكى گۈللەر-
نى ساناشقا بەك ئامراق. ھال رەڭ بىلەن ئاق رەڭ ئارىلىقىدىكى بۇ
گۈللەر ئىنتايىن چىرايلىق ۋە خۇش پۇراق. ھەر يىلى باھار كەلگەندە
ھويلىدىكى گۈللەر ئېچىلىدۇ، دەل مۇشۇ چاغدا مەن دۇنيانى ساياھەت
قىلغاندا كۆرگەن قويۇق ئورمانلىقلار ئېسىمگە كېلىدۇ. ئەپسۇس، يېقىن-
قى يىللاردىن بۇيان بۇ گۈزەل ئورمانلىقلار بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتى-
دۇ...

كىچىك دوستلار، سىلەر ئورمانلىقلارنىڭ بارا - بارا كىچىكلەپ يو-
قىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلگۈڭلار بارمۇ؟ يۈ-
رۈڭلار، مەن سىلەرگە كۆرسىتىپ كېلەي.






www.uyghurkitap.com

ئاپلا، ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، مەن كىچىك مۇشۇكئېيىق يىنيىن. مەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈشنى ياخشى كۆرىمەن. بۇ مېنىڭ قىرائەتخانام، مەن قىرائەتخانامنى «دۇنيانىڭ رۇجىكى» دەپ ئاتايمەن. بۇ يەردە مەن سەپەردە ئىشلەتكەن قوراللار، قاتارلىق قوراللار بار... بۇ قوراللاردىن باشقا ئەڭ مۇھىم بولغان ــ ساياھەتتىكى بارلىق ئەسلىمىلىرىم بار. بىز ئالبۇمنى ئېچىپ ئۆزىمىزگە ئېھتىياجلىق مەزمۇننىڭ بار - يوقلۇقىغا قاراپ باقايلى. بۇ سۈرەتتىكىسى قۇملۇق، بۇ سۈرەتتىكىسى دەريا، بۇ سۈرەتتىكىسى ئېگىز تاغ... تاپتىم، بۇ سۈرەتتىكىسى يەر شارىدىكى ئورمانلىقلار.




5



www.uyghurkitap.com

مەن كىچىك ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى ئاما-
زون دەرياسىغا باردىم، بۇ يەردە مەن دۇنيا بويىچە ئەڭ قويۇق ئورمانلىق-
نى كۆردۈم، بۇ ئورمانلىق قاراشتا چېكى يوقتەك كۆرۈنەتتى. ئامازون دەر-
ياسى دۇنيا بويىچە سۇ مىقدارى ئەڭ كۆپ، ۋادىسى ئەڭ كەڭ دەريا، ئۇ ئا-
مېرىكا قىتئەسىدىكى بىپايان زېمىننى نەمدەپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ
تىروپىك بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمانلىقىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. يامغۇرلۇق
ئورمانلىقنىڭ قىسمەن جايلىرىدا يىل بويى يامغۇر ياغىدۇ، شۇڭلاشقا
ئامازون ئورمانلىقى «سازلىق ئورمانلىقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.




www.uyghurkitap.com



بۇ سۈرەتنى مەن ئافرىقا قىتئەسىدىكى كونگوغا زىيارەتكە بارغاندا تارتقان. ئۇ يەر بەك ئىسسىق. تروپىك بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمانلىقىنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسى يىل بويى يۇقىرى بولۇپ، ھەر كۈنى يازدەكلا تۇرىدۇ.

بۇ چوڭ دەرەخ ئافرىقا قىتئەسىدىكى پالىساندىر دەرىخى، ئۇ ئېگىز، يوغان كېلىدۇ. قاراڭلار، مايمۇنچاق، قۇشقاچ ۋە بەزى قۇرتلار دەرەخ باراقسىنىنى ماكان قىلغان. تېخىمۇ ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، ئۇلار دەرەخ ئۈستىدە ئۇخلىيالايدۇ، ھەرگىزمۇ يىقىلىپ چۈشمەيدۇ.



www.uyghurkitap.com

ھالبۇكى، دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز دەرەخ يامغۇرلۇق ئورمىنىدا بولماستىن، ئامې-
رىكىنىڭ كالىفورنىيە ئىشتاتىدىكى ئورمانلىقتا. ئۇ بولسىمۇ قىزىل شەمشاد دەرىخى.
ئۇ گىگانت ئادەمگە ئوخشايدۇ، مەن دەرەخنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۆزۈمنى خۇددى چۈمۈلە
زىراپىنىڭ يېنىدا تۇرغاندەك ئىنتايىن كىچىك ھېس قىلدىم.

نۇرغۇن قىزىل شەمشاد دەرىخىنىڭ يېشى چوڭ بولۇپ، بەزىلىرى ئاللىبۇرۇن
1000 ياشقا كىرگەن. نۆۋەتتە بۇ دەرەخنى قوغداش ئاساسلىق ھۆكۈمەتنىڭ كۈچىگە تا-
يىنىلىۋاتىدۇ، ئەپسۇس يەنە نۇرغۇن ھۆكۈمەتلەر بۇنىڭغا ئېتىبار قىلمايۋاتىدۇ.
قىسمەن دۆلەت ۋە رايونلار قوغداش تەدبىرىنى قوللانمايۋاتىدۇ.



كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بەزى ئامېرىكا دۆلەت ۋە رايونلاردا، ھەر يىلى پۈتۈن - پۈتۈن ئورمانلىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراۋاتىدۇ. بىرازىلىيە ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى قىسمەن جايلاردا، نۇرغۇن كىشىلەر پۇل تېپىش ئۈچۈن قانۇنسىز ھالدا كەڭ كەتكەن ئورمانلىقنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، ئۇ يەرنى تاماكا، قەھۋە تېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتىدۇ، ئورمانلىقتىكى قالغان ياغاچ ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ياغاچ پۈرۈپكا قاتارلىق ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياساۋاتىدۇ. لېكىن بۇنداق قىلىش ئەسلىدىكى گۈزەل تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك ئورماننى ۋەيران قىلىپ، قەدىمىي ئەتىۋارلىق دەرەخ تۈرلىرىنى تەدرىجىي يوقىتىۋېتىدۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قانۇنسىز دەرەخ كېسىش ئورمانلىقنىڭ يەنە بىر يوقىلىش سەۋەبى. كىشىلەر دائىم قىمـ
مەتلىك، ئەتىۋارلىق دەرەخلەرنى تاللاپ كېسىدۇ. مەسىلەن، پالىساندىر دەرىخى ۋە تىكتون دەرىـ
خى دېگەندەك. كېسىلگەن دەرەخلەر ئۆي جاھازلىرى، ئىشىك، لىم قىلىپ ياسىلىدۇ ياكى باشقا
جايلارغا سېتىلىدۇ. بۇ سۈرەتنى مەن ئاسىيا قىتئەسىدىكى بىرمىدا تارتقان، سۈرەتتىن ئورمانـ
لىقتىكى قېرى قەدىمىي دەرەخ ۋە ياكى تېخى چوڭلىمىغان كۆچەتلەرنىڭ رەھىمسىزلەرچە كېـ
سىلگىنىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دەرەخ كەسكۈچىلەر نۇرغۇن ئورماننى ۋەيران قىلدى، بۇ قىلـ
مىشلار ئادەمنى ئېچىندۇرىدۇ.





www.uyghurkitap.com

ئورمان كېسىلىشتىن توختىمىسا دەرەخلەر يوقاپ كېتىدۇ، نۇرغۇن ئۆسۈملۈك، ھايۋانلار ياشاش ماكانىدىن ئايرىلىدۇ. ئۆي بىزنىڭ تۇرالغۇ جايىمىز، ناۋادا بىزنىڭ ئۆيىمىز بۇزۇۋېتىلسە قانداق بولىدىغىنىنى ھېس قىلالمايمىز؟ ئەگەر ئۆيىمىز بۇزۇلسا بىز قەيەردە تۇرىمىز؟ ئافرىقا قىتئەسىنىڭ ماداغاسقار ئارىلىدىكى ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلار ئاللىبۇرۇن ماكانىدىن ئايرىلىپ، سەرسان - سەرگەردانلىق ئىچىدە قالدى.

ئورمان يوقىسا، ئورمانلىقتا ياشايدىغان ھايۋانلارمۇ تەدرىجىي يوقايدۇ. بىز ئورمانلىقنى قوغدىشىمىز، ئاشۇ كىچىك ھايۋانلارنى ماكانىدىن ئايرىماسلىقىمىز لازىم.



ئورمانلىقتىكى دەرەخلەر كىچىك ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنىڭ ياشاش ماكانى بولغاندىن سىرت، دەرەخ يىلتىزى تۇپراقنى قوغدايدۇ، تۇپراقنى چىڭ تۇتۇپ، ئېقىپ كېتىشتىن ساقلايدۇ. دەرەخ بولمىغان تۇپراق ئۇنۇمسىز بولۇپ، باشقا نەرسىلەرنى تېرىغىلى بولمايدۇ. دەرەخ بولمىسا بوران، يامغۇر ۋە قۇم تۇزانلار تۇپراق يۈزىنى يالاپ، تۇپراقتىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنى ئېلىپ كېتىدۇ. تۇپراق ئوزۇقلۇق ماددىدىن ئايرىلسا خۇددى ئۆيىنىڭ تورۇسى ۋە تېمى بولمىغاندەك ئاجىز بولىدۇ، ھېچنىمە تېرىغىلى بولمايدۇ.




كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com





www.uyghurkitap.com



گوللاندىيەنىڭ قىسمەن رايونلىرىدىكى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقى چۈشۈپ كەتكەچكە ياز قىشقا ئوخشىشىپ قالغان. ماشىنا ۋە زاۋۇتلار قويۇپ بەرگەن قالدۇق گاز هاۋادا قېتىشىپ، سۇ، بولۇتلاردا يىغىلىپ قالىدۇ. يامغۇر ياغقاندا بۇ قېتىشقان ماددا يامغۇر سۈيى بىلەن دەرەخ يوپۇرماقلىرىغا چۈشۈپ، سۈزۈك سولياۋغا ئوخشايدىغان نەرسىنى هاسىل قىلىپ يوپۇرماقنى ئورىۋالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يوپۇرماق نەپەسلىنەلمەي ئاخىرىدا ئۆلۈپ قالىدۇ — دە، تۆكۈلۈپ كېتىدۇ.




ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندىسى
www.uyghurkitap.com

دەرەخمۇ بىزگە ئوخشاش نەپەسلىنىدۇ، ئۇلار يوپۇرمىقى ئارقىلىق كاربون (Ⅳ) ئوكسىدىنى سۈمۈرۈپ ئوكسىگېن قويۇپ بېرىدۇ. ئىنسانلار، هايۋانلار هاۋادىكى ئوكسىگېننى سۈمۈرۈپ هايات كەچۈرىدۇ، بۇ جانلىقلارنىڭ ئاساسىي دەۋرىيلىنىشى. شۇڭلاشقا بىز ئورمانلىقنى يەر شارىنىڭ ئۆپكىسى دەيمىز، ئۇ كاربون (Ⅳ) ئوكسىدىنى سۈمۈرۈپ ئوكسىگېن قويۇپ بېرىدۇ، ناۋادا ئورمانلىق بولمىسا، بىزگە يېتەرلىك ئوكسىگېنمۇ بولمايدۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، نۇرغۇن دۆلەتلەر ئورماننى قوغداشقا ئاتلاندى. مېنىڭ دوستۇم فىرېي شىمالىي ياۋروپادىكى شىۋېتسىيەدە تۇرىدۇ، ئۇ ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى ئورمان باشقۇرغۇچى، ئۇلار ئورمانغا قاراشقا مەسئۇل بولۇپ، مەسئۇلىيەتچان، بېپەرۋالىق قىلمايدۇ. ئۇلار نۆۋەتلىشىپ كۆزىتىپ، ئورمانلىقتا ئوت ئەھۋالى بايقالسا دەل ۋاقتىدا سىگنال بېرىدۇ، ئورمانلىقتىكى يوللارنى قەرەللىك تازىلايدۇ ھەمدە ساياھەتچىلەرنىڭ قائىدىگە رىئايە قىلىپ، ئورمانغا بۇزغۇنچىلىق سالماسلىققا كاپالەتلىك قىلىدۇ. شىۋېتسىيەلىكلەر ۋە ئورمان بۇ ئارقىلىق پايدىغا ئېرىشتى، بۇ تولىمۇ خۇشاللىنارلىق ئىش ـ ھە!



www.uyghurkitap.com

ئورماننى قوغداش ئورمان باشقۇرغۇچىنىڭلا مەسئۇلىيىتى بولماستىن، بىز كۆپچىلىكنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى. بىز ئورمانلىقتا ئوينىغاندا چوقۇم ئۆزىمىز كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەخلەتلەرنى ئېلىپ كېتىشىمىز كېرەك. ئورمانلىقتا ئوت ئويناشقا بولمايدۇ، چوقۇم بەلگىلەنگەن قائىدە-تۈزۈمگە رىئايە قىلىشىمىز لازىم.

چۈنكى ھەرقانداق ئادەم ئۆيىگە ئوت قويۇشنى، قالايمىقان ئەخلەت تاشلاشنى خالىمايدىغاندۇ! بىز ئۆيىمىزنى ئاسراشنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە نېمە ئۈچۈن ئورماننى ئاسرىمايمىز؟



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





بىز ھازىر مۇشۇنداق گۈزەل ئورماننى كۆرۈپ تۇرالىغىنىمىزدىن خۇشال، ئەمما بىلد
شىمىز كېرەككى، ئورماننى قوغدىمىساق ئۇ ھامىنى يوقاپ كېتىدۇ. ناۋادا بىراۋ سىزگە
قىممەتلىك سوۋغا بەرسە سىزنىڭ ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە ياكى تاشلىۋېتىشكە كۆزىڭىز
قىيامدۇ؟ ئورمان بىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىمىز، بىز ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلساق
بولمايدۇ.

بىز ئورماننى قوغدىشىمىز، ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىقىمىز كېرەك! كىچىك
دوستلار، مەن ھويلىغا قايتىپ دەرەختىكى يېشىللىقتىن ھۇزۇرلىناي. قاراڭلار، دەرەختە
يەنە بىر تال يېڭى گۈل ئېچىلىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتابلىرى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور ئادرېسى www.uyghurkitap.com







## ئاتا ـ ئانىلار بىرلىكتە ئويۇن ئوينايلى!

### 1. كۆچەت تىكىش ئويۇنى

كېرەكلىك ماتېرىياللار:

- ◆ كۆچەت
- ◆ گۈرجەك
- ◆ چۆگۈن
- ◆ سۇ



**مۇۋاپىق كېلىدىغان كۆچەتنى تاللاش**

سىز گۈل دۇكىنىدىن ھەر خىل كۆچەت سېتىۋې-لىڭ. رايون ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تىكمەكچى بولغان مۇۋاپىق كۆچەتنى تاللىسىڭىز بولىدۇ. ھەر خىل كۆچەت-



نىڭ ماس كېلىدىغان مۇۋاپىق كىلىماتى ۋە يەر شەكلى بولىدۇ، شۇنداقلا شۇ رايوننىڭ باشقا ئۆسۈملۈكلىرى بولىدۇ.

### كۆچەت تىكمەكچى بولغان ئورۇن

سىز كۆچەتنى گۈللۈكىڭىزگە ياكى ئورمانلىقتا تىكسىڭىز بولىدۇ، ئەمما كۆچەت بىلەن كۆچەتنىڭ ئارىلىقىغا چوقۇم دىققەت قىلىڭ. مۇشۇنداق بولغاندا كۆچەت ئاندىن يېتەرلىك بوشلۇقتا ئۆسەلەيدۇ ۋە يېتەرلىك ئوزۇقلۇقتا ئېرىشەلەيدۇ. ناۋادا كۆچەتنى ئورمانلىقتا تىكمەكچى بولسىڭىز، ئالدى بىلەن ئورمان باشقۇرغۇچىدىن سورىشىڭىز كېرەك، ئۇلار سىزگە مۇۋاپىق ئورۇن كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

### كۆچەتنى تىكىش

دەرەخ يىلتىزى دىيامېتىرىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدىغان ئورەك كولايمىز، كۆچەتنى ئاۋايلاپ ئورەككە تۈز قىلىپ سالىمىز، ئاندىن كۆچەت ئەتراپىدىكى توپىنى تىندۇرۇپ، كۆچەتكە يېتەرلىك سۇ قويىمىز.

www.uyghurkitap.com

## 2. كىسلاتالىق يامغۇر ئۆسۈملۈكلەرگە قانداق زىيان سالىدۇ؟



ئويۇنغا لازىملىق ماتېرىياللار:


- ◆ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش ئىككى تۈپ گۈل ۋە تەشتەك.
- ◆ سىغىمى بىر لىتىر كېلىدىغان ئىككى تال سولياۋ قۇتا
- ◆ 500 لىتىر ئاچچىقسۇ ياكى لىمۇن سۈيى
- ◆ بىرنەچچە تال خەتكۈچ
- ◆ بىر دانە قەلەم

### تەييارلىق خىزمەتلەر

ئىككى خەتكۈچكە «بۇلغانغان» دېگەن خەتنى يېزىپ، بىر تالنى گۈل تەشتىكىگە، يەنە بىر تالنى سولياۋ قۇتىغا چاپلايمىز. خەتكۈچ چاپلانغان قۇتىغا 500 لىتىر ئاچچىقسۇ ياكى لىمون سۈيى قۇيۇپ تولدۇرىمىز.

ئاندىن يەنە ئىككى تال خەتكۈچكە «بۇلغانمىغان» دېگەن خەتنى يېزىپ، بىر تالنى يەنە بىر تەشتەككە، يەنە بىرسىنى يەنە بىر سولياۋ قۇتىغا چاپلايمىز. سولياۋ قۇتىغا سۇ قۇيۇپ توشقۇزىمىز.









## نۆۋەتتىكى خىزمەت

ئىككى تەشتەك گۈلنى قاتار قىلىپ شامال ئۆتۈشىدىغان دېرىزە يېنىغا قويىمىز، ئوخشاش نۇر ۋە تېمپېراتۇرىدا بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىمىز. ئىككى، ئۈچ كۈندە ئارىلاپ مۇۋاپىق سۇغىرىمىز. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «بۇلغانمىغان» دېگەن خەتكۈچ چاپلانغان گۈلنىڭ ھېچقانداق ئۆزگەرمىگەنلىكىنى، «بۇلغانغان» دېگەن خەتكۈچ چاپلانغان گۈلنىڭ سارغىيىپ، سولىشىپ قالغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ زاۋۇت ۋە ماشىنىدىن چىققان كېرەكسىز گاز يامغۇر سۈيىنى كىسلاتالىق يامغۇرغا ئايلاندۇرۇپ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سولىشىپ، ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە تەقلىد قىلىنغان تەجرىبە.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



图书在版编目(CIP)数据

森林森林，你别哭：维吾尔文 / (西) 帕劳著；
(西) 库尔托绘；高小然汉译；买然木汗·那以甫维译.
— 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社, 2015.11
（地球环保小卫士丛书）
ISBN 978-7-5469-7709-6

Ⅰ.①森… Ⅱ.①帕… ②库… ③高… ④买… Ⅲ.
①漫画－连环画－西班牙－现代 Ⅳ.①J238.2

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 264048 号

选题策划：亚森·吾不力哈斯木　责任决审：亚森·吾不力哈斯木
责任编辑：夏依买尔旦·艾尼瓦尔　责任印制：刘伟煜
责任复审：吐尔洪·吐尼牙孜

丛 书 名　地球环保小卫士
书　　名　森林森林，你别哭（维吾尔文）
作　　者　(西)何塞普·帕劳
插　　图　(西)罗莎 M·库尔托
译　　者　买然木汗·那以甫
出　　版　新疆美术摄影出版社(www.xjdzyx.com)
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号(邮编 830026)
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
制　　版　乌鲁木齐穆拉卡提文化传媒有限公司
印　　刷　北京新华印刷有限公司
开　　本　787 mm × 1092 mm　1/12
印　　张　3
版　　次　2015 年 11 月第 1 版
印　　次　2016 年 3 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-7709-6
定　　价　18.00 元

网络出版　读读网(www.dudu-book365.com)
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店(http://shop67841187.taobao.com)

بۇ كىتاب مەركىزىي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ 2014 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2014 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据中央广播电视大学出版社2014 年 1 月第 1版,2014 年 1 月第 1 次印刷版本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
مەسئۇل مۇھەررىرى: شاھىمەردان ئەنۋەر
قايتا تەكشۈرگۈچى: تۇرغۇن تۇنىياز
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېيىۇ

مۇھەت ئاسرىغۇچى مۇھاپىزەتچىلەر

# ياش تۆكمە، ئورمانلىق!

ئاپتورى: خېرسېپ پالاۋ [ئىسپانىيە]
رەسىمنى سىزغۇچى: روزا كۇرتو [ئىسپانىيە]
تەرجىمە قىلغۇچى: مەريەمخان نايىپ

---

**نەشر قىلغۇچى:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830026
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**بەت ياسىغۇچى:** ئۈرۈمچى مۇلاقات مەدەنىيەت تارقىتىش چەكلىك شىركىتى
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شىنخۇا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى:** 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/12
**باسما تاۋىقى:** 3
**نەشرى:** 2015 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2016 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 − 7 − 5469 − 7709 − 6
**باھاسى:** 18.00 يۈەن

---

**تور نەشرى:** دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
**تور كىتابخانىسى:** تاۋباۋ تورى ـ شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

---

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ISBN 978-7-5469-7709-6
9 787546 977096
定价：18.00 元